# كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىش، ئائىلە مۇقىملىقىنىڭ كاپالىتىدۇر

[ئۇيغۇرچە]

بيت النبوة قدوة لحماية من تفكك الأسر
**[باللغة الأويغورية]**


خاتىپ: شەيخ سالىھ ئىبنى ئابدۇللاھ ھۇمەيد

الخطيب: الشيخ صالح بن عبد الله بن حميد

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

**المترجم:** سراج الدين عزيزي

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

**المراجعة:** ن. تمكيني



**رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى**

**المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض**

**1429 - 2008**

islamhouse.com

# كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىش ئائىلە مۇقىملىقىنىڭ كاپالىتىدۇر

2008-يىلى 08-ئاينىڭ 22-كۈندىكى جۇمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ -سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرمەدە جۇمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا:

"ئىسلام دىنى ئائىلە قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختىلىقى، مۇقىملىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ " دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپىي ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

دۇنيادىكى ھەر قايسى جەمئىيەتلەرگە بەزەر سالىدىغان بولساق ئائىلىدە بۆلۈنۈش، تۇرمۇشتا چۈشىنىشمەسلىك، زوراۋانلىق، جېدەل-ماجرا، ئاتا-بالا، ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلار ئارىسىدا ئاداۋەت، تالاق نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدەك ئىللەتلەرگە ئەڭ ئېغىر دۇچ كەلگەن بىر زامان بولۇپ كۆرۈنىۋاتىدۇ. بۇنداق سەلبىي ۋەقەلەرنىڭ تۈپ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق دەل ئىنساندىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ كۈچىيىشى، ئىسلام دىنىمىزغا يات ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ھۆكۈم سۈرىشى، ياتلاردىن سىڭىپ كىرگەن سېسىق مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى كۆرۈۋالماق ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

ھەرقانداق بىر ئائىلىدە ئەدەپ-ئەخلاق، ئىسلام تەلىماتى، شەرىئەت مىزانى، مىللى ئۆرپ-ئادەتكە ئېتىبار بېرىش يوقىلىدىكەن، ئۇنداق ئائىلىدە ۋەيرانلىق، بۇزۇلۇش يۈز بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئەر-ئايال جىنسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە سۈركىلىش مەدەنىيىتىنىڭ يامرىشى، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىدا بوشلۇق دائىرىسىنىڭ كەڭرىپ كېتىشى، ئادالەت، رەھىمدىللىق، مېھرىبانلىق خىسلەتلىرىنىڭ ئېسىمىزدىن چىقىپ كېتىشى مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ.

ئائىلە تۇرمۇشىدا بۇيرۇق چۇشۇرۇش، چەكلەش، تەھدىت سېلىش، ئىنتىقام ئېلىش دېگەندە ئىبارىلەر بولمايدۇ. خۇددى ئىنسان ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغاندەك، ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىلا غەزەپلىنىدىغاندەك ئەھۋاللارنىڭ كۆرىلىشى توغرا ئەمەس. ئائىلە ئالاقىلىرىدە كەسكىن بۇيرۇق بولمايدۇ. كەسكىن ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ، قوپال جېدەل-ماجىرامۇ بولمايدۇ.

ئۆيىدە تۇراقسىزلىق، ئائىلىسىدە ئىزتىراپ، قىيىنچىلىقلاردىن شىكايەت قىلغان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، ھىدايە مۇھەممەدىيگە ئېسىلىشى كېرەك. ئائىلە تۇرمۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالام ئەڭ ياخشى يولباشچى ۋە ئۈرنەكتۇر. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان، بۇيرىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى ئۆز جايىدا بىجا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغانمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىزنىڭ دىن- دۇنيالىق ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىدە بىزگە ئۈلگىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت، ئىبادەت دىن-تەشۋىقات يولىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتلىرى ھېچقاچان ئائىلىسىنىڭ ھېسابىغا بولمىغان. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئائىلە ئىشىغا خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ئىشىدىن باشقا ئىشى يوقتەك ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئىمام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىزلەرگە بىر قانچە مىساللارنى كەلتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: مۇھەممەد مۇستاپا ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مېھرىبان ئەر ئىدى. ئىشەنچىلىك نەسىھەتچى ئىدى. سەمىمىي مەسلەھەتچىدى. يالغۇز چاغلاردا ئائىلىسىگە چاقچاق قىلىپ قوياتتى. بېشىغا كۆن چۈشسە بېشىنى سىلايتتى. ئۇلارنىڭ شىكايىتىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. يىغلىسا يېشىنى سۈرتەتتى. تىلى ئارقىلىق ئازار بەرمەيتتى. سۆز-ھەرىكىتىدە ھاقارەت قىلمايتتى. ئۇلاردىن ئەزىيەت كەلسە ھېچكىشى كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىرلىقنى كۆتۈرەتتى. قولى بىلەن ھاياتىدا ئايال كىشىنى ئۇرۇپ باقمىغان. ئائىلىسىدىن ئەيىب ئىزدەپ يۈرمەيتتى. مەسىلە كۆرۈلسە كۆپتۈرمەيتتى. خاتالىشىپ قالغان تەقدىردە دەرھال ئىنكاس بىلدۈرۈپ كايىمايتتى. تاپا-مالامەتنى كۆپ قىلمايتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا خاتالىقلارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالاتتى. كۆپ رەھمەت ئېيتاتتى. ئائىلىگە بولغان مۇئامىلىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە تۇراتتى. ھەقىقىي ئەرلىك سالاھىيىتىنى نامايەن قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:"سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلار، مەن ئائىلىسىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشتا ھەممىڭلاردىن ياخشىراقمەن".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە بولغان مۇئامىلىسى بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مىزان بولىشى كېرەك. مۆمىنلەر ئۈچۈن سۈننەت بولىشى كېرەك. ئائىلە تۇرمۇشىنى باشقۇرۇشتا مۇھەممەدى پرىنسىپى ئەڭ ياخشى مىزاندۇر. ئائىلە بىلەن چاقچاقلىشىش، ئوينىشىش بولسا دىلنى سۆيۈندۈرىدۇ، مېھرى-مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ، غەشلىكنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئائىلىنىڭ چوڭ-كىچىك بار لىق ئەزاسى رەھىمدىللىق، كۆڭۈل بۆلۈش، دىققەت ئېتىبار بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇۋەسسالامنىڭ ئاياللىرى بولغان مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بارلىق ئىشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مەسلىھەتىنى ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن پۈتۈن بىركۈن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن يىراق تۇرىدىغان ئايال ئاز تېپىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋىرچان ئىدى. ئۆزىنىڭ گېپىنىلا توغرا دەپ تۇرمايتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بارلىق ئىنسانىيەتكە ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۆرنەك ئىدى. ياخشى ئەخلاقلىق بولۇشلا ئائىلە قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ئائىلىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، غەزەپلىنىش ۋاقتىدا ئۆزىنى بېسىۋېلىش، ئاچچىقىنى يۇتۇۋېلىش ھەقىقى ئائىلە باشقۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىلدۇر.

چىرايلىق سۆز، مۇلايىملىق، ماختاپ تۇرۇش، ھەدىيە- سوۋغاتلارنى بېرىپ تۇرۇش، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، سۆز ھەرىكەتكە دىققەت قىلىش، قىلىشقا تىگىشلىك ئىشلاردا ئائىلىگە مەسلىھەت سېلىش، ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش، ھاقارەتلىمەسلىك ئائىلىنى

مۇستەھكەملەيدىغان ئامىللاردۇر. نورمال ئىشلاردىمۇ ئۆزرە سوراپ، كۆڭلىنى ياساپ تۇرۇش، خاتالىقلارغا كۆز يۇمۇش، ئۆيدىن يىراق ۋاقىتلاردا ئالاقىلىشىپ تۇرۇش، تېلفۇندا بولسىمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرۇش ئاردا ئۇنسى-ئۇلپەتنى كۈچەيتىدۇ. ئائىلىدە جېدەل ماجىرانىڭ بولماسلىقى ھەقىقىي بەخت -سائادەت ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا بولغان ئىماننى مۇستەھكەملەش، ئەدەپ-ئەخلاق، شەرىئەت كۆرسەتمىسى ئىچىدە بولۇش ھەقىقىي بەختتۇر.

(ئۇنداق دېگەنلىك سايىمىئاخۇن بولاڭ دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئىمان نۇرىغا چۆمگەن ئىللىق بىر ئائىلىگىز بولسۇن دېگەنلىك، چۈنكى سىز يۇقىرىدىكى كىشىلىك تۇرمۇشىڭىزدا يات بولغان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدىن ئارىيە ئىلىنغان ئەخلاق ۋە مۇھەببەتنى بەرپا قىلىشتا يېتەكچى قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۆزى ئاددى تەسىرى كۈچى كۈچلۈك، ھەر قانداق كىشى بەجا كەلتۈرەلەيدىغان ئىشلار تەۋسىيە قىلىندى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق مەسئۇلىيەت ئىگىسى ئەر ئۆز مەجبۇرىيىتىنى دىكتاتور تۈزىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى مېھرى-مۇھەببەت بىلەن ئادا قىلىشقا چاقىرىلىدۇ. بۇ بۈيۈك ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەۋسىيەلىرىدىندۇر.-مۇھەررىر-)